# شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى

(بېشى 6 ـ بەتتە)

ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. تەمىنلەش ـ ئېھتىياجدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە يۈزلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان، قاتلام، دەرىجىسى ئېنىق بولغان، فۇنكسىيە جەھەتتە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان بەش دەرىجىلىك ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، سىياسەت جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ـ ئىشسىزلىقنى تىزىملاش، كەسىپ جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە كەسىپ تونۇشتۇرۇش، ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەش قاتارلىق ئاساسىي ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرى 144كە، تۆۋەن ـ چاقلاردىكى ئەمگەك كاپالىتى بويىچە بېجىرىش ئاپپاراتى 149غا، ئاساسىي قاتلام ئەمگەك كاپالىتى پونكىتى، ئورنى 8668گە يېتىپ، شۇ يىلى تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن جەمئىي 21 مىليون 728 مىڭ 400 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق تەمىنلىدى.

مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشلىرىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بەردى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك توختامى قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش جازا قانۇنى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، زوراۋانلىق قىلىش، تەھدىت سېلىش ياكى قانۇنسىز ھالدا جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، ھەمدە ئەمگەكچىلەرنى ھاقارەتلەش، تەن جازاسى بېرىش، ئۇرۇش، قانۇنسىز ئاختۇرۇش ۋە قاماپ قويۇش قاتارلىق قىلمىشلارنى قاتتىق چەكلىدى، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قارىتا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بەردى؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈردى. شىنجاڭ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، قانۇنچىللىق تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنچىللىق ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، دائىملاشقان ئەمگەك قانۇن ئىجراسى تەكشۈرۈشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، يۇرۇشتۇرۇش، نازارەت قىلىش، مۇرەسسە قىلىش ـ بىر تەرەپ قىلىش جەريانىنى قانۇنچىللىشىش يولىغا سېلىپ، بارلىق مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشلىرىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بەردى.

## تۆتىنچى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈردى

پۇقرالارنىڭ ئەمگەك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىش، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، قەدىر ـ قىممەت بىلەن ئەمگەك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىدىيەسى ۋە نىشانى. شىنجاڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك توختامى قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېيىپلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارنىڭ روھىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئەمگەك كاپالىتى رىۋىزىيە نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مېيىپلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق يەرلىك نىزام، قائىدىلەرنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، پۇقرالارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشىنى پۇختا قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئەمگەكچىلەرنىڭ باراۋەر ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى باراۋەر قوغداشتىن ئىبارەت قانۇنچىللىق پرىنسىپى بويىچە، ئەمگەكچىلەرنىڭ مىللەت، رايون، جىنس، دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن كەمسىتىلمەسلىكىگە، شەھەر ـ يېزا، كەسىپ، سالاھىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئاياللارنىڭ باراۋەر ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە، شىنجاڭ ئاياللارنىڭ باراۋەر ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا توسالغۇ بولىدىغان توسقۇلارنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، ئاياللارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىشىگە يار ـ يۆلەك بولۇش سىياسىتىنى تۈزۈپ يولغا قويدى. 2019 ـ يىلى، شەھەر ـ بازارلاردا 480 مىڭ 900 ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاياللار 228 مىڭ 100 بولۇپ، 47.43%نى ئىگىلىدى. مېيىپلەرنىڭ ئەمگەك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە، كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ياردەم خاراكتېرلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورۇنلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مېيىپلەرنىڭ نىسبەتى بويىچە ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، مېيىپلەرنىڭ يەككە ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش، جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 183 مىڭ 700 مېيىپنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يېشىدىكى ئەمگەك ئىقتىدارى بار مېيىپلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 59.37%نى ئىگىلىدى.

ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەققە ئېرىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. دۆلەتنىڭ كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشىنى نورمال ئۆستۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىش توغرىسىدىكى سىياسەت، تەلەپلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ مائاش يېتەكچى سىزىقى تۈزۈمى ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرىدىكى مائاش يېتەكچى باھا تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ ھەر يىلى كارخانىلارنىڭ مائاش يېتەكچى سىزىقىنى تۈزۈپ بېكىتتى ھەم ئېلان قىلدى. ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى تەڭشەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەڭ تۆۋەن ئايلىق مائاش ئۆلچىمىنى 2013 ـ يىلدىكى 1520 يۈەندىن 2018 ـ يىلدىكى 1820 يۈەنگە ئۆستۈرۈپ، 19.74% ئاشۇردى، بۇ، مەملىكەت بويىچە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيەدە تۇردى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارخانا مائاشىنى كوللېكتىپ كېڭەشىش نىزامى» قاتارلىق يەرلىك نىزاملارنى چىقىرىپ، مائاشنى كوللېكتىپ كېڭەشىشنى پائال، پۇختا ئالغا سىلجىتتى ھەم قاپلاش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. مائاش چىقىم كاپالىتى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەمگەك ھەققى بېرىشنى رەت قىلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە جازالاپ، بىر تەرەپ قىلىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ مائاش، ھەققىنى ۋاقتىدا، تولۇق سوممىدا بويىچە ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئەمگەكچىلەرنىڭ ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش ھوقۇقى ۋە كەسىپ بىخەتەرلىكى ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمگەكچىلەر ھەر كۈنى سەككىز سائەت، ھەپتىدە 40 سائەت ئىشلەيدىغان ئىش ۋاقتى تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئېھتىياجى بىلەن ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتسا، جەزمەن قانۇن بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئەمگەكچىلەر بىلەن كېڭەشتى ھەم دەم ئېلىش ۋاقتىنى تولۇقلاپ بەردى ياكى مۇناسىپ ھەق بەردى. ئەمگەكچىلەرنىڭ چاغان، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت قاتارلىق قانۇندا بەلگىلەنگەن بايراملىق دەم ئېلىش ۋە ئارام ئېلىش كۈنلىرىدىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولۇشتىن ئىبارەت ئارام ئېلىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلدى. دۆلەتنىڭ كەسىپ بىخەتەرلىكى، سەھىيە قائىدىسى ۋە ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە كەسپىي كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، كەسپىي كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋە كەسپىي ساغلاملىق قانۇن ئىجراسى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئەڭ زور چەكتە تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىك ھادىسىلىرى يۈزبېرىشنىڭ ئالدىنى ۋە ئازايتى، كەسپىي كېسەل خەۋپى ئامىللىرىنى تۈپتىن تىزگىنلىدى ۋە تۈگەتتى.

ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئومۇمىي خەلقنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش پىلانىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە شەھەرگە كىرگەن ئىشلەمچىلەر، جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقانلار، يېڭى كەسىپ ھالىتىدە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىشىغا پائال تۈرتكە بولۇپ ۋە يېتەكلەپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا ئاساسىي كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا 22 مىليون 133 مىڭ 300 ئادەم قېتىم قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالىتى رېۋىزىيە ئاپپاراتلىرى قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، ئەمگەك كاپالىتىگە دائىر قانۇن، نىزام، قائىدىلەرگە خىلاپ قىلمىشلار توغرىسىدىكى پاش قىلىش، ئەرز قىلىشنى ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشماسلىق، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرماسلىق قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى قانۇن بويىچە تۈزىتىپ ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغدىدى.

ئەمگەكچىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش قاتارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىق قانۇنى» «دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە كاپالەتلىك قىلدى، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئايرىلىشۋېلىشىغا يول قويمىدى. قانۇن بويىچە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئاز سانلىق مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە كاپالەتلىك قىلدى، ئەمگەكچىلەر قايسى تىل ـ يېزىقنى قوللىنىشنى ئۆز ئالدىغا تاللاپ پىكىر ئالماشتۇرسا بولىدۇ. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ياخشى خىزمەت ۋە تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىپ بەردى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىكى تۇقالى تۇرغانباي مۇسۇلمانچە يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى بار شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت، شۇنداقلا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما، ھازىر گۇاڭدۇڭدىكى بىر ئاياغ زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇ ئىلگىرى يېمەك ـ ئىچمەككە كۆنەلمەسلىكتىن، ناماز ئوقۇيدىغان جاينىڭ بولماسلىقىدىن ئەنسىرىگەنىدى، لېكىن خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، زاۋۇتنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئىنتايىن ئازادە، مۇسۇلمانچە يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنىڭ ناھايىتى تەملىك ئىكەنلىكىنى بايقىدى، ئارام ئالغان ۋاقىتلىرىدا كوچا ئايلىنىپ نەرسە سېتىۋالىدى، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سىنلىق پاراڭلاشتى، يەنە يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتكە بېرىپ دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشالىدى، شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىپ كەتتى.

ھەقىقىي تۈردە ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ۋە قوغدىتىش مېخانىزمىنى كۈچەيتتى. ئەمگەك توختامى تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى، مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ھۆكۈمەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە كارخانا تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى كېڭەشىدىغان ئۈچ تەرەپلىك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتى ساھەسىدىكى مۇھىم، زور مەسىلەلەرنى تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىپ، ئىناق ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى پائال بەرپا قىلدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. ئەمگەك كاپالىتىنى رېۋىزىيە قىلىش ۋە ئەمگەك تالاش ـ تارتىشنى مۇرەسسە قىلىش، كېسىم قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئەمگەك تالاش ـ تارتىشلىرىنى ۋاقتىدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى. ئەمگەك كاپالىتى قانۇن ـ نىزاملىرىغا خىلاپ گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مەركەزلىك تۈزەپ، قانۇنغا خىلاپ ئېغىر، زور دېلولارنى مەخسۇس ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىرىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ كەسىپكە تونۇشتۇرۇش، ئەمگەك توختامى، خىزمەت ۋاقتى، ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش، مائاش بېرىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، ئالاھىدە ئەمگەك مۇھاپىزىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدى.

## بەشىنچى، ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش گۈزەل تۇرمۇش ياراتتى

بىر قاتار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەت، تەدبىرلىرىنىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، «ھەممە ئائىلىنىڭ بېيىش يولى بولۇش، ھەممە ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولۇش، ھەر ئايدا كىرىمى بولۇش» خىزمەت نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى. شىنجاڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، روھىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، پۇقرالارنىڭ «ھەميانى» بارغانسېرى تومپايدى، كۆڭلىرى بارغانسېرى ياخشىلاندى، كۆڭلى بارغانسېرى ئازادىلىككە تولدى، تەبەسسۇمى بارغانسېرى جۇلالاندى.

ئائىلە كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشتى. مەيلى شىنجاڭ ئىچىدە ياكى باشقا ئۆلكە(شەھەر)لەردە ئىشقا ئورۇنلاشقان بولسۇن، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەممىسى مۇقىم ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشتى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، باشقا ئۆلكە(شەھەر)لەرگە يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان شىنجاڭلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ يىللىق كىشى بېشى كىرىمى تەخمىنەن 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشقان جايدىكى شەھەر ـ بازارلاردىكى دائىم تۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشكەن. شىنجاڭ ئىچىدە يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان ئەمگەكچىلەرنىڭ يىللىق كىشى بېشى كىرىمى تەخمىنەن 30 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق قىلغان كىرىمىدىن خېلىلا يۇقىرى بولغان. مەسىلەن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسى چارباغ يېزىسىدىكى ئەرافات ئەخمەتجان ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق قىلغاندا پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ يىللىق كىرىمى 10 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى، 2017 ـ يىلى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ نەنچاڭ شەھىرىدىكى بىر ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى كارخانىسىغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلدى، ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا 160 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيەسى ئۇششاقباش بازىرىدىكى مەمتىمىن تۇراھمەت ئائىلىسىدە دېھقانچىلىق قىلغاندا يىلىغا ئاران نەچچە مىڭ يۈەنلا كىرىم قىلالاتتى، سانجى ئوبلاستىدىكى بىر كارخانىدا ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئايلىق كىرىمى 4000 يۈەندىن ئېشىپ، تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، يېڭى ئۆي سالدى، خوتۇن ئالدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيەسى غورۇچۆل بازىرىدىكى ئامىنە راخمان ئەر ـ خوتۇن ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىگە تەۋە ئىدى، 2018 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يېزىلىق ئەمگەك كاپالەت ئورنى ئېلان قىلغان تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرىنى كۆرگەندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ قىلىشقا قاتنىشىپ، جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جيۇجياڭ شەھىرىدىكى بىر شىركەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، ئىككىسىنىڭ ئايلىق كىرىمى تەخمىنەن 9000 يۈەن بولۇپ، نۆۋەتتە قەرزىنى قايتۇرۇپ بولۇپلا قالماي، يەنە 90 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئامانەت پۇلى بار بولدى.

تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت ئامما قورساق تويغۇزۇشتىن ياخشى يېيىشكىچە، ئىسسىق كىيىنىشتىن چىرايلىق كىيىنىشكىچە، ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ مېڭىشتىن زامانىۋى قاتناش قورالىدا سەپەرگە چىقىشقىچە، تۇرمۇشتا ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسى ئۆزمە يېزىسىدىكى نامرات ئاھالە رەيھانگۈل ئىمىر جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ سىشى شەھىرىگە بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغاندىن كېيىن، تۆت يىل ۋاقىتتا ئائىلىسىگە 100 نەچچە مىڭ يۈەن پۇل ئەۋەتىپ، يۇرتىدا يېڭى ئۆي سېلىپ، يېڭى ئۆي جاھازلىرى سېتىۋېلىپ، ئائىلىسىنىڭ قىياپىتىنى پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. خوتەن شەھىرىنىڭ يورۇڭقاش بازىرىدىكى ھۆسەن ھەسەن ئىلگىرى پارچە ـ پۇرات ئىش قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، تۇرمۇشى غورىگىل ئىدى، يۇرتداشلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، 2018 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر گۆش پىششىقلاش كارخانىسىدا ئىشلىدى، يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلىدىغان ئىشچىلىقتىن باشلاپ ئىشلەپ، جاپالىق ئۆگىنىش، جاپالىق مەشىق قىلىش ئارقىلىق، خىزمەت ماھارىتىنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىدى، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە خوتۇنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىغا كېلىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ مۇقىم كىرىمى بار بولدى، 2020 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭى ئۆي سېتىۋالدى.

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)